السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قوي قوتىنىدا ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟، دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى، ئۇ كىشى: تۆگە قوتىنىدا ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟، دەپ سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ياق»دېدى

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قوي گۆشى يېگەنلىكتىن تاھارەت ئالىمەنمۇ؟، دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىساڭ تاھارەت ئالغىن، خالىساڭ تاھارەت ئالمىغىن» دېدى، ئۇ كىشى: تۆگە گۆشى يېگەنلىكتىن تاھارەت ئالىمەنمۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، تۆگە گۆشى يېگەنلىكتىن تاھارەت ئالغىن» دېدى، ئۇ كىشى: قوي قوتىنىدا ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى، ئۇ كىشى: تۆگە قوتىنىدا ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟- دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى:قوي گۆشى يېگەنلىك ئۈچۈن تەرەت ئالىمەنمۇ؟ بۇ بىر ساھابىنىڭ: قوي گۆشى توغرىسىدا، ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا قوي گۆشى يېگەنلىك ئۈچۈن تەرەت ئېلىش كېرەك بولامدۇ؟ياكى تەرەت ئېلىش شەرت ئەمەسمۇ؟دەپ سورىغان سوئالى بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خالىساڭ تەرەت ئالغىن، خالىساڭ تەرەت ئالمىغىن»دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشى تەرەت ئېلىش بىلەن ئالماسلىق ئارىسىدىكى ئىختىيارلىقنى بەردى، ھەر ئىككىسى دۇرۇس بولىدۇ، ئۇ كىشى: تۆگە گۆشى يېگەنلىكتىن تەرەت ئالىمەنمۇ؟يەنى، تۆگە گۆشى يېگەنلىك ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا تەرەت ئېلىش كېرەك بولامدۇ؟ ياكى تەرەت ئېلىش شەرت ئەمەسمۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ھەئە تۆگە گۆشى يېگەنلىكتىن تەرەت ئالغىن»دېدى،يەنى گەرچە ئازراق يېسەڭمۇ تۆگە گۆشى يېگەنلىك ئۈچۈن تەرەت ئېلىشىڭ كېرەك بولىدۇ، ئەمما تۆگىنىڭ سۈتىنى ۋە شورپىسىنى ئىچسە تەرەت ئېلىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇرەنىيىنلىق كىشىلەرنى تۆگە سۈتى ئىچكەندە تەرەت ئېلىشقا بۇيرىمىدى، ئۇلارنى پەقەت ئىچىشكە بۇيرىدى، چۈنكى ھاجەت بولغاندا ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.ئۇ كىشى: قوي قوتىنىدا ۋە قويلار ئارام ئالىدىغان جايلاردا ناماز ئوقۇيمەنمۇ؟دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ھەئە»قويدىن ئەنسىرەش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئورۇنلاردا ناماز ئوقۇسىڭىز دۇرۇس بولىدۇ دېدى، ئۇ كىشى: تۆگە قوتىنىدا ۋە تۆگىلەر ئارام ئالىدىغان جايلاردا ناماز ئوقۇيمەنمۇ؟دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ياق»دېدى، يەنى ئۇنداق جايلاردا ناماز ئوقۇماڭ، چۈنكى ئۇ جايدا تۆگىنىڭ ئۈركىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغۇچىنى دەسسىۋېتىش ياكى باشقا ئەزىيەتلەر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن دېدى، بۇنىڭدىن قويدا يۇۋاشلىق بولغانلىقى، قوينىڭ ئۈركىمەيدىغان ۋە باشقىلار ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغانلىقى ئۈچۈن قوي قوتىنىدا ناماز ئوقۇسا خاتىرجەم بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ، سۇبۇلۇس سالام1-توم 99-بەت، پەتھى زىل جەلالى ۋەل ئىكرام 1-توم 264-بەت، تەۋزىيھۇل ئەھكام 304-305-بەت، تەسھىيلىل ئىلمام 1-توم 192-195-بەتلەر

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee